Australian Government
Department of Home Affairs

# چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنىڭ ئاۋۇستىرالىيەگە سىڭىپ كىرىشىگە زەربە بېرىش

ئاۋۇستىرالىيەنى تېخىمۇ بىخەتەر قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش



ئاۋۇستىرالىيە خانلىق ئىتتىپاقى 2024 ©

خانلىق ئىتتىپاقىنىڭ ئىگىدارچىلىق ۋە نوپۇز بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بۇ نەشىر قىلىنغان ماتېرىيالنىڭ ئىچىدىكى ھەممە ئۇچۇرلار خەلقارا نەشرىيات پراۋىسى ئىجادىي ماتېرىياللارنى ھەقسىز ھەمبەرلىشىش خەلقارا پراۋىسى 4.0 گە ئاساسەن نەشىر قىلىندى. https://creativecommons.org/licenses/by/4.0/legalcode.

بۇ دىگەنلىك بۇ پىراۋا پەقەت ۋە پەقەت ئۇشبۇ داكۇمىنتتا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار ئۇچۇنلا كۈچكە ئىگە.

بۇ نەشرىياتنىڭ پىراۋىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئىجادىي ماتېرىياللارنى ھەقسىز ھەمبەرلىشىش تور بېتىدا
https://creativecommons.org
CC BY 4.0 كۆرسىتىلگەندەك تولۇق قانۇنلۇق نىزامنامىلىرىنى
https://creativecommons.org/licenses/by/4.0/legalcode. ئۇشبۇ تور بېتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**دۆلەت گېربى ئىشلىتىش**

گېربىنى ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار تەپسىلىي باياندىسى باش مىنىستىر ۋە كابىنېت تورىبېكىتىدە. تېپىشقا بولىدۇ
.www.pmc.gov.au/government/commonwealth-coat-arms

**بىز بىلەن ئالاقە قىلىڭ**

بۇ داكومىنتنى قانداق ئىشلىتىش ۋە پىراۋىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بۇ يەرگە يوللانسا بولىدۇ:
ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى
PO Box 25
2616 BELCONNEN ACT

# چەتئەل كۈچلىرىنىڭ تەسىرى بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبىمىزغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ

جاسۇسلۇق ۋە چەتئەل تەسىر كۈچلىرى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ بىر پۈتۈنلىكى، دېموكراتىيەسى، قىممەت قارىشى ۋە ئۇلۇسال مەنپەتىگە يەنى بىزنىڭ ياشاش ئۇسلۇبىمىزغا تەھدىت سالىدۇ.

ئاۋۇستىرالىيە بولسا ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلانغان ۋە ئاسان مەخسىتىدىن ۋاز كەچمەيدىغان بىرقانچە چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبيكتى.

دۆۋلەت بىخەتەر گېنەل- دىرەكتورى قەيىت قىلغاندەك بىزنىڭ ياشاش ئۇسلۇبىمىزغا خەۋپ يەتكەنلىك ئاۋۇستىرالىيەنىڭ نىگىزلىك بىخەتەرلىك پىرىنسىپىغا دەخل.-تەرۇز قىلغانلىقتۇر ئاۋۇستىرالىيە بىخەرتەرلىك ئاخپارات ئىدارىسىنىڭ ئېنىقلىغان، تەشكۈرۈپ چىقارغان، ۋە توساپ قالالىغان خەتەرلەرگە ئاساسلانغاندا، كۆپلىگەن ئاۋۇستىرالىيە پۇقرالىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تاشقى ئىشپىيونلۇق كۈچلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبيكتىغا ئايلىنىپ قالغان. '

چەتئەل كۈچلىرىنىڭ تەسىرىنى توسماسلىق، ئاۋۇستىرالىيەگە ئۇزۇن مۇددەتلىك سەلبى تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىسا، بىزنىڭ دېموكراتىك قىممەت قارىشىمىز ئاممىۋى ھوقۇقىمىز، دۆۋلەت ئورگانلىرى، ئىخدىسادى كەلگۈسىمىز، ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە جەمىيەت ئۆملۈكىگە سەلبى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھۆججەت تۆۋەندىكى قىسقىچە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

- كىم ئەڭ خەتەر ئاستىدا.
- چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنىڭ ھەركىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت قانداق چارەلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ.
- شەخسلەر ۋە ئورگانلار ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن نىمە ئىشلارنى قىلالايدۇ؟

**چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنىڭ ئاۋۇستىرالىيە ئىچىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەركىتى جىنايەت ھىساپلىنىدۇ.**
**1995 خانلىق ئىتتىپاقى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئاساسەن20 يىل قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.**

# مۇندەرىجە

چەتئەل كۆچلىرىنىڭ تەسىرى بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبىمىزغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ ... 3
مۇندەرىجە ... 4
گۇمانلىق دەپ قارالغان چەتئەل تەسىر كۆچلىرىگە قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ... 5
شەخسلەر ۋە نورمالدا مەلۇم قىلىش ... 5
ھۆكۈمەت، ئاۋۇستىرالىيەنىڭ سودا ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ... 5
چەتئەلنىڭ تەسىر كۆچى دېگەن نىمە؟ ... 6
چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئوبىكتى ... 6
ئىشپىيونلۇق قىلىش دېگەن نىمە؟ ... 6
كىملەرنىڭ چەتئەل كۆچلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبىكتى بولۇپ قېلىش ئېهتىماللىقى ئەڭ چوڭ؟ ... 7
جامائەتلەر ... 7
دېموكراتىك قۇرۇلمىلار ... 8
ئالىي مەكتەپ مائارىپى ۋە تەتقىقات ... 9
سانائەت ... 10
ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ۋە ئۇچۇر ... 11
چەتئەلنىڭ تەسىر كۆچى خەتىرىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن سەن قانداق قىلىسىز ؟ ... 12
شەخسلەر ... 12
ھۆكۈمەت ۋە سانائەت ساھىيەسى ... 13
ھۆكۈمەت چەتئەلنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ ... 14
قانۇن چىقىرىش ... 14
قوشۇمچە ئۆلچەملەر ... 15

# گۇمانلىق دەپ قارالغان چەتئەل تەسىر كۆچلىرىگە قانداق تەدبىر قوللۇنۇش كېرەك.

**جىددىي ئەھۋال ئاستىدا 000 گە تېلېفون ئۇرۇڭ**

## شەخسلەر ۋە نورمالدا مەلۇم قىلىش

دۆلەت بىخەتەرلىك لىنىيىسى

- تېلېفون: 00 1234 1800 (ئاۋۇستىرالىيە سىرتىدا 01 1234 1300 (61+))
- ئېلخەت: [hotline@nationalsecurity.gov.au](mailto:hotline@nationalsecurity.gov.au)

دۆلەت بىخەتەرلىك لىنىيەسىگە مەلۇم قىلىش نامسىز بولسىمۇ بولىدۇ، ئاندىن ساقچى دائىرلىرىگە ۋە بىخەتەرلىك خادىملىرىگە ئىتتىبارىبلەن قارىلىشى كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

## ھۆكۈمەت، ئاۋۇستىرالىيەنىڭ سودا ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن

مەلۇم قىلىش زۆرۈر بولغان تەھدىت خاراكتىرىدىكى ئايقاشلارنى دوكلات قىلىش سۇپىسى

- بىخەتەر تور بەت سۇپىسى [باش بەت | NITRO (asio.gov.au)](https://asio.gov.au)

NITRO بولسا تور دۇنياسىدىكى بىخەتەر كىرىش ئېغىزى بولۇپ ئاۋۇستىرالىيەنىڭ سودا ۋە تەتقىقات ساھىيەدىكلەرنىڭ گۇمانلىق ئىش-ھەركەتلىرى ۋە ھەرقانداق تەھدىت، قورقۇتۇش ۋە مەجبۇرلاش خاراكتىرىدىكى خائىشلارنى مەلۇم قىلىشنى مەخسەت قىلىپ مەخسۇس تەھسىس قىلىنغان.

# چەتئەلنىڭ تەسىر كۆچى دېگەن نىمە؟

چەتئەلنىڭ تەسىر كۆچى دېگەنلىك چەتئەل كۈچلىرىگە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق ھالدا ۋاكالىتەن، ياكى چەتئەل كۈچلىرىنىڭ مەبلەغى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىش ھەركەتلەر:

- ئايرىم شەخسكە تەھدىت سېلىش، ياكى
- ئاۋۇستىرالىيەنىڭ تۈپكى مەنپەتىگە خىلاپ بولغان خۇپىيانىچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە زىيانكەشلىك قىلىش

## چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئوبىكتى

- ئاسان چېرىكلىكنىڭ ۋە زورلاشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ئادەملەر، ئۇلار ئاسانلا ئالدىنىپ چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ھەركەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىغانلاردۇر.
- ئەسلىھەلەر ۋە ئىنىستىتوتلار—كونتورولۇقا ئالغىلى، ئىچكى قىسمىغا سىڭىپ كىرگىلى ۋە قالايمىقانچىلىق قىلغىلى بولىدىغان يەرلەردۇر.
- ئۇچۇرلانىڭ ئوغۇرلىنىشى، بۇرمىلىنىش ۋە ئويدۇرۇلۇپ چىقىلىشى مۇمكىن.

## ئىشپىيونلۇق قىلىش دېگەن نىمە؟

- ئىشپىيونلۇق قىلىش دېگەنلىك مەلۇم شەخسنىڭ چەتئەل تەسىر كۈچلىرىگە ۋاكالىتەن ئۇچۇر ئوغۇرلاپ، ياكى ئاشۇ چەتئەل كۈچلىرىگە ئۇچۇر بېرىشكە ئۇرۇنىشىنى ۋە ئۇشبۇ ئۇچۇر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاۋۇستىرالىيەدىن پايدىلىنىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## چەتئەلنىڭ تەسىر كۆچى بىلەن چەتئەلنىڭ ئارىلىششىنىڭ پەرقى نىمە؟

**چەتئەلنىڭ تەسىر كۆچى بىلەن چەتئەلنىڭ ئارىلىششىنىڭ پەرقىنى ئايرىۋېلىش مۇھىمدۇر.**

- ھەممە ھۆكۈمەتلەر، ئاۋۇستىرالىيەمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئۇچۇرلاغا ئېرىششكە ئۇرىنىدۇ.
- چەتئەل تەسىر كۆچىنىڭ پائالىييەتلىرى ئوچۇق-ئاشكارە ۋە روشەن بولسا، خەلقىمىزنى، جەمىيىتىمىزنى ۋە دىموكراتىك سىستىمىنى ھۆرمەتلىگەن بولىدۇ.
- چەتئەل تەسىر كۆچىنىڭ پائالىيەتلىرى دىپلوماتىك پائالىيەتلەر، سىياسي لوبىچىلىق، ئالاقە باغلاش، خىراجەت قىلىش، ۋە مەدىنىيەت دىپلوماتىيەسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر بۇ پائالىييەتلەر ئوچۇق-ئاشكارە ۋە روشەن ئېلىپ بېرىلسا،بۇ قىلمىشلار ھەرگىز چەتئەل كۈچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ھىساپلانمايدۇ.

# كىملەرنىڭ چەتئەل كۆچلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبىكتى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ؟

چەتئەل ھۆكۈمىتى ئاۋۇستىرالىيە جەمئىيىتىنىڭ ئوخشىمىغان قىسىملىرىغا ھەرخىل ئۇسۇلدا ھۇجۇم قىلىدۇ.

## جامائەتلەر

ئاۋۇستىرالىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جامائەت چەتئەل كۆچلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبىكتى بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئاجىرەتتىكى ئاۋۇستىرالىيە گىراجدانلىرى چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراش ئېھتىماللىقى يۇقۇرى.

چەتئەل كۆچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرى تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمىغان شەكىللەردە بولىدۇ:

- چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ قورقۇتۇشى، جىسمانىي ۋە ئېلېكترونلۇق كۆزىتىشى، گۆرەگە ئېلىۋېلىشى ياكى، شەخسنىڭ ئەۋلاتلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى.
- دىموكراتىك ئۇسۇلدا ئىشتىراك قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ئىجابىيجەمىيەت ئالاقىسىنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش.
- تور ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق ئايرىم شەخس ياكى بىر گۇرۇپپا ئادەملەرنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش.
- ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئائىلىسى ۋە چەتئەلدىكى مۇناسىۋەتلىرىگە تەھدىت سېلىش ئارقىلىق، بۇ شەخسنىڭ چەتئەل ھۆكىمىتىنىڭ سىياسىي مەنپەتى ئۈچۈن ئىشلەشكە زورلاش.
- ئاۋۇستىرالىيەنىڭ جامائەت ئەزالىرىنى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، ئۆز-ئارا ئادەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش كىلىشىمنامىسىغا خىلاپ ھالدا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان دۆۋلەت تەۋەلىكىگە قايتىشقا زورلاش.

چەتئەل تەسىر كۆچلىرى ئاۋۇستىرالىيە جامائىتىگە تۆۋەندىكىدەك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

- جامائەت ئەزالىرى ئىجتىمائىي مۇنازىرىلەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتنىشالمايدۇ.
- جامائەت ئەزالىرى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، كەڭ جامائەت ئاممىسىدىن يالغۇز قالدۇرۇلغاندەك ھىس قىلىدۇ.

*مەسىلەن: نامايىشچىلارغا تەھدىت سېلىش*

جېسى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ سىرتىدىكى سىياسىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك نامايىشقا قانۇنلۇق ھالدا قاتنىشىدۇ.
جېسى بىرسىنىڭ نامايىشقا قاتناشقۇچىلارنى رەسىمگە تارتىپ ۋە سىنىغا ئېلىۋاتقىنىنى بايقايدۇ. نامايىشقا قاتناشقاندىن كېيىن، جېسى تورلاردا ئاۋارىچىلىققا دۇچاربولىدۇ. باشقا دۆۋلەتتە ياشاۋاتقان جېسىنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرى جېسىنىڭ ئاۋۇستىرالىيەدىكى سىياسىي پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سوراققا تارتىلغان ۋە ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىش خاراكتىرىنى ئالغان تەھدىد قىلىشلارغا ئۇچرىغان. داۋاملىق ئېخىمۇ ئېغىر ئاۋارىچىلىقلارنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، جېسى ئاۋۇستىرالىيە جەمئىيىتىدىكى ئۆز ئەركىنلىكى بىلەن سۆزلەش ۋە پائالىييەتلەرگە قاتنىششتەك ئىش-ھەركەتلىرىگە چەكلىمە قويۇشقا باشلىدى.

## دىموكراتىك قۇرۇلمىلار

چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنىڭ ھەركەتلىرى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ دېموكراتىك قىممەت كۆزقارىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەجبۇرىيىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ بۇ ھەقىقەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. يەرشارى مىقياسىدا، چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى دېموكراتىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى سايلام ۋە سىياسىي بيوكراتلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، مەسىلەن تۆۋەندىكىدەك مېتودلارنى ئىشلەتتى:

- سايلامنىڭ قايسى كاندىدات تەرەپكە ئېغىشى ۋە قايسى سىياسىي پارتىيەنىڭ سىياسىتىنىڭ چەتئەل ھۆكۈمىتىگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ئۆزگۈرىشى.
- سايلام كاندىداتلىرى، سىياسىي ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى چەتئەل ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ قارا نىيىتىنى يۇشۇرماستىن ئۇلارنى كونتورول قىلىشقا، تەسىر كۆرسۈرۈشكە ۋە چىرىكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش.
- يالغان ئۇچۇر تاقىتىپ، بىلەت تاشلىغۇچىلارنىڭ سايلام جەريانىنىڭ ئادىل بولىشى ۋە دېموكراتىك ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىش.

*مەسلەن: ئاۋۇستىرالىيەنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئارىلىشىش*

چەتئەل كۈچلىرى ئاۋۇستىرالىيە جامائەت ئەزاسىنى مەلۇم ئاۋۇستىرالىيەلىك سىياسىيۇنىنىڭ سايلام كامپانىيەسىگە بىۋاستە ئىئانە قىلىشقا ئۈندەش. نەتىجىدە ئاۋۇستىرالىيەلىك سىياسىيون ئاشۇ شەخسنىڭ قىزىقىش دائىرىسىگە تەبىئىي ھالدا يېقىنلىشىپ ۋە تەلۋىگە ماقۇل بولۇپ، چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئىشلەپ قالغان بولىدۇ. جامائەت ئەزاسى ئەلبەتتە ئاۋۇستىرالىيەلىك سىياسىيونغا چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئۆزىنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى دېمەيدۇ

بۇ مىسالداچەتئەل تەسىر كۈچلىرى ۋە جامائەت ئەزاسى ھەرئىككى تەرەپ چەتئەل كۈچلىرىنىڭ تەسىر كۆرسۈتۈش ئىش-ھەركەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن سىياسىيون ئۇنداق دەپ ئۇ پەقەت ئۇقۇشماسلىقتىن چەتئەل تەسىر كۈچلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قالغان ھېساپلىنىدۇ.

## ئالىي مەكتەپ مائارىپى ۋە تەتقىقات

چەتئەل تەسىر كۈچلىرى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ۋە باشقا مائارىپ ساھەسىدىكى ئاكادەمىك ئەركىنلىكىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ. چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى تەتقىقاتنىڭ يۆلۈشىنى ئۆزگەرتىشنى ۋە ئەقلىي مۈلۈكنى ئوغۇرلاشنى مەخسەت قىلىپ زىيالىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشى مۇمكىن بۇ ئارقىلىق ئۇلار ھەربىي ۋە سودا جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىمەكچى بولىدۇ. چەتئەل كۈچلىرى ھەتتا ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىك مەزمۇنىنىمۇ نۇمۇسىزلارچە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەتىگە يېقىن قىلىپ ئۆزگەرتىپ، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق كۆزەتكۈچىلىك قىلىشى ۋە قورقاق سېلىشقا ئۇرۇنىشى مۇمكىن.

بۇ مۇنداق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن:

- ئىخدىسادىي بىسىمنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆزلىرى خالىغان توختاملارغا قول قويۇشقا زورلاش، ۋە بۇ توختاملار چەتئەللىكلەرگە مۇدلەق ئەقلى مۈلۈك ۋە پايدىنى ئىلىپ كېلىشى مۇمكىن.
- ئەركىن ئاكادىمىك ئۇسۇلدا ئىزدىنىش ئىلىپ بېرىش، قانداق تىللارنى ئىشلىتىشنى تاللاش، تەتقىقات تېمىسىنى تاللاش، ياكى دەرسلىكنىڭ مەزمۇنىنى تاللاش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ ئامىللارنىڭ چەتئەل كۈچلىرىنىڭ مەنپەتى بىلەن ئوخشاشلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش.
- مەكتەپ ئىچىدە ئىدىلوگىيە جەھەتتىن بۇ چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى بىلەن توقۇنۇش پەيدا بولغاندا، سۆز ئەركىنلىكىنى بوغۇشقا ئۇرۇنۇش.

*مەسىلەن: ئالىي مەكتەپلەر ۋە تەتقىقات*

دۆۋلەت مۇداپىئەسىگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاكادەمىك چەتئەلگە ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ۋە چىقىمىنىڭ ھەممىسىنى يىغىن ئورۇنلاشتۇرغۇچى ساھىبخان كۆتۈرىدۇ. ساھىبخان بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە كىرەكلىك ئادەملەرنىڭ قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ. يىغىن ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئاكادەمىك ئاۋۇستىرالىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاۋۇستىرالىيەنىڭ دۆۋلەت مۇداپىئەسى ۋە بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارنى بۇ چەتئەللىك يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇۋچىغا ئەۋەتىشكە باشلايدۇ. بۇ قىلمىش ئاۋۇستىرالىيەنىڭ دۆۋلەت بىخەتەرلىكىگە دەز يەتكۈزىدۇ.

## سانائەت

چەتئەل كۆچلىرىنىڭ تەسرى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ سودا-سانائەت كۆچى ۋە پايدا-مەنپەتىگە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ
ئىخدىسادىي تەرەققىياتىمىزغا، دۆۋلەت مۇداپىئە كۈچى ۋە بىزنىڭ ئىنتىپاقداش دۆۋلەتلەرنىڭ بىزگە بولغا ئىشەنچىسىگە سەلبى تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. پەن-تېخنىكا، قىممەتلىك مىنىراللار ۋە ھالقىلىق قورۇلۇش ئەسلىھەلىرىمۇ چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قىزىقىش دائىرىسى ئىچىدە.

سانائەتنى ئاجىزلاشتۇرۇش مىتوتلىرى

- چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى ۋە مەخسىدى يوشۇرۇنغان ھالدا ھەمكارلىق دەپ سېلىنغان مەبلەغلەر.
- سودىنى بانا قىلىپ تۇرۇپ ئاۋۇستىرالىيەنىڭ تەتقىقات ۋە پەن-تېخنىكالىرىنى باشقا دۆۋلەتلەرنىڭ سودا ۋە دۆۋلەت مۇداپىئە جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىش.
- بازارنى ۋە خام-ئەشيا تەمىنلەش زەنجىرىنى بۇرمىلاپ ۋە كونتورول قىلىش ئارقىلىق، ئاۋۇستىرالىيەنىڭ شۇ ساھەدىكى مۇھىم ئىخدىسادىي ئىشلەپ چىقىرىش سىغىمى ۋە رىقابەتلىشىش كۈچىگە زىيان سېلىش.

*مەسىلەن: سانائەت ساھەسىدە شېرىكلىشىش*

ئاۋۇستىرالىيە شىركىتى چەتئەلنىڭ دۆۋلەت قارمىغىدىكى شىركىتى بىلەن ھەمكارلىق تۈزۈشى.
چەتئەلنىڭ شىركىتى ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆۋلەتنىڭ ئاخپارات ئورۇنلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتى بولىدۇ. ئۇشبۇ دۆۋلەت ئىگىدارچىلىغىدىكى چەتئەل شىركەتلىرى بۇ پروجەككە كۆپ مەبلەغ سالىدۇ، ۋە ۋاقىتلىق پىروگىرامما تەھسىس قىلغاننى بانا قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ خادىمىنى ئاۋۇستىرالىيەگە ئەۋەتىدۇ. ئاۋۇستىرالىيە شىركىتى دۆۋلەت بىخەتەرلىكىگە كېلىدىغان خەتەرنى تونۇپ يەتسىمۇ، سودىنى مەخسەت قىلىپ توختامغا ئىمزا قويىدۇ. بۇ ھەمكارلىق سودا كېلىشىمى سەۋەپلىك بۇ شىركەتنى چەتئەلنىڭ تەسىر كۈچى ۋە جاسۇسلۇق قىلدۇرۇش ئوبىكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

## ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ۋە ئۇچۇر

ئىشەنچلىك ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ بولۇشى، سۆز قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ بولۇشى، ۋە مۇستەقىل مېدىيالارنىڭ بولۇشى كۈچلۈك دېموكراتىيەنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى. چەتئەل كۈچلىرىنىڭ مېدىيالارغا ئارىلىشىۋېلىشى ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قارارلارنى ئاقىلانىلىق بىلەن ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ، جامائەت ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ ۋە جەمئىيەت ئۆملىكىگە كۈچلۈك ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ مۇنداق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن:

- ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان يالغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىش، بۇ قىلمىش چەتئەل كۈچلىرىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن پايدىلىق لېكىن دېموكراتىك قىممەت قاراشنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.
- مۇخبىرلار ۋە باشقا مېدىيا خادىملىرىنى يېگى ئەزا سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەڭ جامائەتكە تارقىتىدىغان ئۇچۇرلىرىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.
- ئاۋۇستىرالىيەنىڭ مېدىيالىرىدا تارقىتىلغان مۇھىم كۆزقاراشلارنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ مەزمۇنىنى تەشكۈرۈشنى كونتروللىقىغا ئېلىۋېلىش، مۇخبىرلارغا، سىياسىيونلارغا ۋە ئاكتىۋىستلارغا ئاۋارىچىلىق سېلىش ۋە ئۇلارنى ئېتىۋارسىزلاشتۇرۇش.

*مەسلەن: ئەركىن مېدىيالاردا خەۋەر تارقىتىشنى ئېتىۋارسىزلاشتۇرۇش*

گېزىتلارنىڭ باش تەھرىرى ئۆشبۇ گېزىتنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن بېسىم قىلىنىپ،مەلۇم سىياسىي تېمىلار توغرىسىدا خەۋەر چىقارماسلىقىقا قىستىلىشى. باش تەھرىرىنىڭ خەۋىرىسىز، ئۆشبۇ گېزىتنىڭ بىرقانچە مۇدىرىيەت ئەزالىرى مەلۇم چەتئەل ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىسىنىڭ بولىشى، مەلۇم سىياسىي ۋەقەلەر توغرىسىدا پاسسىپ خەۋەرلەرنى توسۇش ئارقىلىق ئاشۇ چەتئەل ھۆكۈمىتى بىلەن ئوخشاش پىكىر ئورتاقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى. بۇ بۇرمىلانغان خەۋەرلەر ئارقىلىق كەڭ جامائەت ئاممىسىنىڭ بۇ سىياسىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ۋە ئاۋۇستىرالىيە مېدىيالىرىنىڭ راسلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىش.

# چەتئەلنىڭ تەسىر كۆچى خەتىرىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن سەن قانداق قىلىسىز ؟

ھەممىمىزنىڭ چەتئەلنىڭ ئاۋۇستىرالىيەدىكى تەسىر كۆچىنى توسۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بىز چوقۇم ھۇجۇملارغا قارىتا ھوشيار تۇرىشىمىز كېرەك. چەتئەل كۆچلىرىنىڭ تەسىرىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتىمىز.

ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتى شەخسلەر ۋە ساھەلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ چەتئەل كۆچلىرىنىڭ ئارىلىششىدىن سادىر بولغان زىيانىنى ئازايتىشقا تىرىشىدۇ.

## شەخسلەر

- ئەگەر سىز تەھدىتكە ئۇچرىسىڭىز ۋە ئۆزىڭىزنى بىخەتەر ھېس قىلمىسىڭىز، ساقچى بىلەن ئالاقە قىلىڭ
  - – جىددى خەتەر ئاستىدا قالغان ئەھۋالدا000 نى ئۇرۇڭ ; ياكى
  - – جىددى خەتەر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا

  1314 44 نى ئۇرۇڭ. .
- ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى چەتئەل كۆچلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز، دۆلەت بىخەتەرلىك قىزىق لىنىيەگە دوكلات قىلىڭ.
  [ئاۋۇستىرالىيە دۆلەت بىخەتەرلىكى ] نامسىز دوكلات قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.
- توردا كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۆزلىرى تونۇشتۇرغاندەك چىقىشى ناتايىن. ھەرقانداق يېڭى مۇناسىۋەتنى باغلاشتىن بۇرۇن، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ مەخسەت ۋە مۇددايىنى ياخشى ئېنىقلاڭ.
  [ئالاقە باغلاشتىن بۇرۇن ئويلۇنۇڭ | ASIO].
- تور دۇنياسىدا بىخەتەر بولۇڭ
  [ئۆزىڭىزنى قوغداڭ | Cyber.gov.au].
- يالغان خەۋەر ۋە ئۇچۇرلارنى ئىشەنچىلىك ئۇچۇر مەنبەلىرىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەندۈرۈشنى بىلىڭ. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ئۇچۇرلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىگە دىققەت قىلىش.
- سايلام مەزمۇنلىرىغا كەلگەندە: توختۇلۇپ قايتا ئويلۇنۇش زۆرۈر [(stop-and-consider-external-flyer.pdf (aec.gov.au)]:
  بۇ ئۇچۇرلار ئىشەنچىلىك مەنبەلەردىن كەلدىمۇ؟ قاچان نەشىر قىلىنغان؟ ئالدامچىلىق بولۇش ئېھتىماللىقى بارمۇ؟
- تور زوراۋانلىقىنى تور بىخەتەر كومىسسىيونىغا تور بېتى ئارقىلىق دوكلات قىلىڭ: https://esafety.gov.au/report.
- ئەگەر سىز دىپلومات خادىملىرى ۋە كونسۇل خادىملىرىنىڭ بىمەنە قىلمىشلىرىنى بايقىسىڭىز، تاشقى ئىشلار ۋە سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ پروتوكول ئىشخانىسىغا ئېلخەت ئارقىلىق مەلۇم قىلسىڭىز بولىدۇ Protocol.branch@dfat.gov.au.
- ئەگەر سىز چەتئەل ھۆكۈمىتىگە ۋاكالەتەن بىرەر پائالىيەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنسىڭىز، بۇ دىگەنلىك چەتئەل ھۆكۈمىتىگە باغلىنىشلىق ئايرىم شەخس ۋە ئورگان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى چەتئەل كۆچلىرىنىڭ تەسىرىنى كۆزىتىپ مېڭىش سخېمىسى قارمىغىدا تىزىملىتىشنى ئويلۇشۇڭ [چەتئەل تەسىرىنى كۆزىتىش سخېمىسى | باش تەپتىش ئىشخانىسى].
- چەتئەل كۆچلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىقى سىزنىڭ روھى ساغلاملىقىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكى مۇلازىمەتلەر ھەقسىز
  24/7 ئىشلىتىشكە بولىدۇ، مەخپى ۋە ئىشەنچلىك، كەسپى پىسخىك مەسلەھەتنى بېرىدۇ.
  - – ھايات لىنىيەسى 13 11 14
  - – ئۈمۈتنىڭ ئۇياقىدا: 1300 224 636

## ھۆكۈمەت ۋە سانائەت ساھيەسى

يېڭى ھەمكارلىك تۈزۈشتىن بۇرۇن، كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان تەھدىتنى كۆپ تەرەپلىملىك تەكشۈرۈپ ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆزىڭىزنى، تەشكىلاتىڭىزنى، ئابروھىڭىزنى ۋەخىزمىتىڭىزنى قوغداڭ.

- NITRO (پاش قىلىشقا تىگىشلىك ۋەقە، تەھدىد ۋە دوكلات قىلىشقا تىگىشلىك گۇزىتىشلەر) بولسا يەنە بىر تۈرلۈك پاش قىلىش مىخانىزىمى بۇ بىخەتەر تور سۇپىسى بولۇپ، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى يوق كەڭ ئاممىغا ئېچىۋېتىلگەن جاسۇسلۇق، چەتئەل تەسىر كۆچلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە، مائارىپ ۋە ئاۋۇستىرالىيەنىڭ سودا ساھەسىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان تەھدىتنى مەلۇم قىلسا بولىدۇ.

– ASIO نىڭ تور بېتىدە بولساNITRO [nitro.asio.gov.au](nitro.asio.gov.au).

- چەتئەل دىپلوماتىك خادىملىرى ۋە كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ بىمەنە قىلمىشلىرى تاشقى ئىشلار ۋە سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ پروتوكول ئىشخانىسىغا ئېلخەت ئارقىلىق مەلۇم قىلىنسا بولىدۇ [Protocol.branch@dfat.gov.au](mailto:Protocol.branch@dfat.gov.au).

- كەڭ جامائەت ،ئۇچۇرلار ۋە مۈلۈكلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن كۈچلۈك بىخەتەرلىك كۆز قاراش مەدىنىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر بىلەن ئۇنى ئىجرا قىلىش يوللىرى بولىشى كىرەك. [Protective Security Policy Framework]

- كۈچلۈك تور دۇنياسىنى قوغداش مۇھىتىنىڭ مەۋجۇت بولىشى

– ۋەقەلەرنى ئاۋۇستىرالىيە تور دۇنياسى بىخەتەرلىك مەركىزىگە دوكلات قىلىڭ (ACSC) [Report and recover | Cyber.gov.au].

–ACSC نىڭ ھەمكارلاشقۇچىشى بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى تىزىملىتىڭ [ئاۋۇستىرالىيە تور دۇنياسى سىگنال بىخەتەرلىكى ھەمكارلىشش پروگرامىمىسى | Cyber.gov.au].

- ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىدىغان تەھدىتتىن ھەزەر ئەيلەڭ ۋە زىياننى تۆۋەنلىتىش ۋە خەتەرنى ئازلىتىش چارىسى، مەسىلەن خىزمەتچىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەشكۈرۈش، مەنپەت توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش سخىمىسىنى يارىتىش، سالاھيەت تەكشۈرۈش، ۋە خىيانەتچىلىك ۋە كەسپى ئەخلاق رامكىسىنى پەيدا قىلىش [Countering the Insider Threat: ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمەت قوللانمىسى].

- شەخسىنىڭ، شىركەت ۋە تەشكىلاتنىڭ ئۆزى تۈرۈشلۇق دۆۋلەتتە قانۇنلۇق تىزىمغا ئېلىنغانمۇ ياكى مالىيە تەشكۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن خەتەرلىك دەرىجىسى يۇقۇرى دەپ تىزىملانغانمۇ، بۇلارنى تەشكۈرۈش زۆرۈر[Home (fatf-gafi.org)].

- ئەقىل مۈلۈك ھوقۇقىنى ياكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ماقۇللىقى ھەرقانداق مەبلەغ سېلىش ۋە ھەمكارلىق كېلىشىمنامىدا ئەكس ئېتىش كىرەكلىكىنى چۈشۈنۈش كىرەك. ئوغۇرلۇق ۋە ئويلىمىغان يەردىن باسسىپ ئىشلىتىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەقىل مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش پىلانى بولىشى كىرەك [Secure your success | ASIO].

- ھەمكارلاشقۇچىلارنى، مۇدىرىيەت ئەزالىرى، دىرەكتورلىرىنى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنى تاللىغاندا، تۆۋەندىكى نوقتىلارغا دىققەت قىلىش كىرەك.

– ئاۋۇستىرالىيە ھاكىمىيەتلەرنى جازالاش سخىمىسىغا بىنائەت بۇ شەخسلەر ۋە ئورگانلارنىڭ تاشقى ئىشلار ۋە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ قارا تىزىملىكىدە بار يوقلىقىنى تەشكۈرۈش زۆرۈر [Consolidated List | Australian Government Department of Foreign Affairs and Trade (dfat.gov.au)].

– چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنى ئېنىقلاش سخىمىسى بويىچە تىزىملىتىش [Transparency Register - Transparency Register (ag.gov.au)] ئۆزىڭىز بۇ شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى، سىياسي پارتىيەلەر ۋە چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار شەخسلەر ۋە ئورگانلار بىلەن چېتىشلىقى بار ياكى يوقلىقى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن،ئۇشبۇ تىزىملىككە قاراش زۆرۈر.

– بۇ شىركەت ۋە ئورگانلار قانۇنلۇق ھالدا ئۆزلىرىنى تىزىملاتقانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈش كىرەك. يەرلىك ئۇسۇلدا ئاۋۇستىرالىيە تىجارەت تىزىملىتىش تور بېتى ئارقىلىقمۇ جەزىملەشتۈرگىلى بولىدۇ. [ABN Lookup (business.gov.au)] ۋە ئاۋۇستىرالىيە بىخەتەرلىك ۋە مەبلەغ سېلىش كومىتسىيونى تور بېتىدىن تەشكۈرۈۋېلىشقىمۇ بولىدۇ [Search ASIC's Registers | ASIC].

– سودا مۇناسىۋىتىگە كىرىشتىن بۇرۇن شىركەت ۋە پاي چېكى قۇرۇلمىسى، ئانا ئىگىلىك خۇجايىنى ۋە جىمجىت شېرىكلەرنىڭ ھەممىسنى ئويلۇنۇش زۆرۈر. .

– سودا ئالاقە قانداق ئۇچۇر سېستىما ۋە تېخنىكالارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە يول قويۇلۇشى مۇزاكىرە قىلىنىشى ۋە بۇ ھەمكارلىق مۇناسىۋەت قايىسى ماددىغا ئاساسەن قاچان توختىلىدۇ، ئۇشبۇ ئامىللار ياخشى ئويلىنىشى كىرەك.

– ھەمكارلاشقان شىركەت ۋە ئورگاننىڭ دۆۋلەت تەۋەلىكىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئادىل ۋە باراۋەرلىكتىكى، ھۆكۈمەت ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قانۇن سېستىمىسى بويىچە ئۇچۇرلارغا ۋە دەلىللەرگە ئېرىشىشكە رۇخسەت قىلامدۇ، بۇلارنىمۇ ئويلۇنۇش كىرەك.

# ھۆكۈمەت چەتئەلنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟

ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتى قانۇنى تۈزۈلمىلەر ۋە باشقا ئۆلچەملەرنى قويۇش ئارقىلىق چەتئەلنىڭ تەسىر كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاۋۇستىرالىيەنىڭ ئۇلۇسال مەنپەتىنى قوغدىدى.

## قانۇن چىقىرىش

ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىششىنى قانۇنسىز دەپ قاراپ چەكلەيدىغان ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك قانۇنلىرى بار.
جىنائىي قىلمىش جانۇنى 1995 (جىنائىي ئىشلار قانۇنى) خۇپىيانە ۋە ساختا ياكى تەھدىت خاراكتېرىدىكى قىلمىشلارنى قانۇنسىز دەپ قارايدۇ
شەخسنىڭ مەخسىدى:

- ئاۋۇستىرالىيەنىڭ دىموكراتىك سىستىما ۋە تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشىنى مەخسەت قىلىدۇ
- دىموكراتىك ياكى سىياسىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت مەشغۇلاتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.
- چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاخپارات يىغىش پائالىيەتلىرىنى قوللاش، ياكى
- ئاۋۇستىرالىيەنىڭ دۆۋلەت بىخەتەرلىكىگە بىرتەرەپلىمە كۆز قاراشتا بولۇش

چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىششىغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر جىنائىي ئىشلار قانۇنىغا ئاساسەن20 يىل قاماق جازاسى بېرىلىدۇ

چەتئەل بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش سخىماسى ئاۋۇستىرالىيە ئاممۋى ئالىي مەكتەپلىرى، ئۆلكە ۋە تېرىتورىيە ھۆكۈمەتلىرى چەتئەل ئورگانلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغاندا، چەتئەللىكلەر ئاۋۇستىرالىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مۇناسىۋىتىگە بىھۇدە ئەكس تەسىر كۆرسەتمەسلىك، ھەرقانداق كېلىشىمنامە داۋاملىق ئاۋۇستىرالىيەنىڭ تاشقى سىياسىتى بىلەن بىردەك بولىشى. كۆپرەك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كىرىڭ
چەتئەل بىلەن بولغان ئورۇنلاشتۇرۇش .

*چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنى كۆزۈتۈپ مېڭىش سخىمىسى* چەتئەل تەسىر كۈچلىرىنى گۈزىتىش قانۇنىغا ئاساسەن 2018 تەھسىس قىلىنغان، شەخس ۋە ئورۇنلارنىڭ چوقۇم چەتئەللىكلەرگە ۋاكالىتەن ئاۋۇستىرالىيە تېرىتورىتە ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئىش-پائالىيەتلىرىنى تىزىملىتىشى زۆرۈر بۇ كەڭ ئاممىغا چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتى ۋە سىياسىتىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتمەكچى بولىۋاتقانلىقىدەك ھەقىقىي ماھىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ..
. كۆپرەك ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بۇ تورىبېتىكە قاراڭ FITS تورىبەت.

چەتئەلنىڭ مەبلەغ سېلىش رامكىسى يۇقارقىدەك ئاۋۇستىرالىيەگە مەبلەغ
سېلىش تەكلىبىنى مەلۇم دەرىجىگىچە كۆزدىن كەچۈرەلەيدۇ، تۆردىكى چەتئەلنىڭ مەبلەغ سېلىشى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ ئۇلۇسال مەنپەتىگە زىت بولماسلىقى زۆرۈر. كۆپرەك ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بۇ تورىبەتكە كىرىڭ
.www.foreigninvestment.gov.au

*- ئاۋۇستىرالىيەنىڭ مۇھىم تېخنىكاسىنى قوغداش (PACT) ۋىزا تەكشۈرۈش رامكىسى* ئاچقۇچلۇق تېخنولوگىيە دائىرىسىدە بىلىم ئېلىشنى مەخسەت قىلىپ ۋىزاغا ئىلتىماس سۇنغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ، ئاۋۇستىرالىيە ئورگانلىرىنىڭ ئورۇنسىز ئۆزىنىڭ ئۇشبۇ تېخنولوگىيە جەھەتتىكى ئۇستۈنلۈك ئورنىنى يوقۇتۇپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

2018 *مۇھىم ئەسلىھەلەرنى قوغداش (SOCI) قانۇنى* بولسامۇھىم *تېخنولوگىيەگە بولغۇچى، ئىشلەتكۈچى ۋە بۇ خىل ئەسلىھەلەرگە ئالاھىدە قىزىقىدىغانلارنىڭ ئالاھىدە قانۇنى مەجبۇرىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.*

## قوشۇمچە ئۆلچەملەر

### چەتئەل تەسىر كۆچىگە زەربە بېرىش خىزمەت گۇرۇپپىسى ( CFI خىزمەت گۇرۇپپىسى)

ئاۋۇستىرالىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ۋە ئاۋۇستىرالىيە فىدىرال ساقچى ئىدارىسى بىرلىكتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ CFI باھارلىك ئىشپىيونلۇق ۋە چەتئەل كۆچلىرىنىڭ تەسىرىگە زەربە بېرىش خىزمەتلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى خەتەرنى بايقاش، تەكشۈرۈپ باھالاش، ئالدىنى ئېلىش ۋە مۇمكىنچىلىكى بولسا چەتئەل كۆچلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى جازالاشتىن ئىبارەت.

### چەتئەل كۆچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا زەربە بېرىش ھەمكارلىق خىزمەت مەركىزى (CFICC)

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىغى ئىستىدا، CFICC دۆۋلەت چەتئەل كۆچلىرىگە زەربە بېرىش گۇرۇپپىيا باشلىقىنىڭ خىزمەتنى قوللاپ، پۈتۈن ھۆكۈمەتنىڭ چەتئەل بۇزغۇنچىCFI كۆچلىرىگە زەربە بېرىش خىزمىتىگە تۆھپە قوشۇدۇ ۋە نىڭ سىياسىي يول-يورۇق بېرىش ۋە سىرت بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىدا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

### ئاۋۇستىرالىيە ئالىي مەكتەپ چەتئەل تەسىر كۆچلىرىگە زەربە بېرىش خىزمەت گۇرۇپپىسى (UFIT)

UFIT ئاۋۇستىرالىيە ئالىي مەكتەپ دائىرلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگەنلىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ چەتئەل تەسىر كۆچلىردىن ئالىي مەكتەپلەرگە كېلىدىغان تەھدىتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

### تېخنولوگىيە چەتئەل تەسىر كۆچىگە زەربە بېرىش خىزمەت گۇرۇپپىسى (TechFIT)

TechFITبولسا تېخنولوگىيە ساھەسى بىلەن ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ، چەتئەل تەسىر كۆچلىرىنىڭ مۇھىم تېخنولوگىيە ساھەسىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتنى توساپ قىلىش

### سايلامغا تەپتىشلىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى (EIAT)

EIAT بولسا ئاۋۇستىرالىيە سايلام كومىتسىيونىغا ئاۋۇستىرالىيەنىڭ فىدىرال سايلىمىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەققى ۋە ھىس قىلغان چەتئەل تەسىر كۆچلىردىن كېلىدىغان تەھدىتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ [Electoral Integrity Assurance Taskforce webpage](#).كۆپرەك ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بۇ تور بەتكە مەرھەمەت

### مىدىيا/ سىفىرلىق ئۇچۇر تەشەببۇسكارلىقى

ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتى سىفىرلىق ئۇچۇر ساۋادىنى چىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك پىروگىراممىلارنى قوللايدۇ، ئاۋامنىڭ مۇخبىرلىق ئىشتىياقىنى قوللاپ مىدىيانىڭ سەرخىللىقىنى قوغداپ قېلىشنى مەخسەت قىلىدۇ.